# ئىتلار ھۈرەر، كارۋان يۈرەر

ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھىمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# ئىتلار ھاۋۇرەر، كارۋان يۈرەر

ئەبۇ مۇھەممەد مەقدىسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەلى تەلھە (رەھىمەھۇللاھ)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

اللە تائالا جىھادنىڭ بەزى بەرىكەتلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، اللە ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر»[1].

اللە تائالا ھەقكە ھىدايەتلىنىش، تەۋپىق، توغرا يول، ئۆتكۈر پىكىر ۋە اللە تائالانىڭ يولىغا پەقەت مۇجاھىدلارنىڭلا نائىل بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارغا اللە تائالا يولىدىكى سەمىمىي جىھادى ئارقىلىق بەرىكەت بېرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

مۇجاھىدلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىملىرى ۋە پىكىر جەھەتتە ئەڭ پاراسەتلىكلىرى بولۇپ، بىزدىن بۇرۇنقىلار جىھادنىڭ مېۋىسى ۋە بەرىكىتىگە شەك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى فىقھى ياكى ئىلمىي جەھەتتىن بولسۇن ئەگەر بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە «رىبات ئەھلىدىن سوراڭلار!» دەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىدنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان رىئاللىقنى بىلىشى ۋە چۈشىنىشى، خۇددى جىھادنىڭ شەرئىي ۋە فىقھى مەسىلىلىرىنى چۈشىنىشىدەك ئىنتايىن مۇھىم.

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەت.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز جىھادىدا سادىق بولسا، الله تائالا يولىدىكى جىھادىنىڭ بەرىكىتى سەۋەبلىك الله تائالا ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئېچىۋېتىدۇ، ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى بولۇپ بېرىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقەتكە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ھىدايىتى باشقىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىدلار سەپلىرىدىن يىراق بولغان «ئالىملار»غا ۋە نەزەرىيىچىلەرگە مۇجاھىدلارنىڭ ئېھتىياجى يوق چۈنكى مۇجاھىدلارغا ئۆزىنىڭ جىھاد ۋە جەڭلىرىدە ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ساپ، ئەڭ ئۇنۇملۈك يولىيورۇقلارنى تاللاپ بېرىپ كېلىۋاتقان ئالىملىرى — كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىلىملىكلىرى ۋە دەلىل جەھەتتە كۈچلۈكلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى جىھاد چۈشەنچىلىرى جىھاد رەھمىدىن ۋە جەڭ مەيدانلىرىدىن تۇغۇلىدۇ. سادىقلىق ئەلۋەتتە الله تائالاغا ئېرىشىش ۋە ئازغۇن ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئالدامچى نەپس ـ شەھۋەتلەردىن يىراقلىشىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا شەرئىي ئىلىم ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىش قوشۇلسا، ئۇ ۋاقىتتا پىكرىنىڭ خاتالىشىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزىنىڭ مۇجاھىد رەببانىي ئالىملىرى بار، ئۇلار ئۆز جىھادىنى ۋە نىشانلىرىنى تاللاشتا پايدا ـ زىياننى ئۆلچىيەلەيدۇ. مۇجاھىدلار ھەرگىزمۇ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ «پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن» فىقھىلىرىغا؛ جىھادنى تەرك ئېتىپ، ھەرخىل تۈزۈملەر ۋە ئۆزىنىڭ غەرب، ئامېرىكا قاتارلىق ئاغىلىرىنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا چەيلىنىپ ياكى «خاتا مەدەنىيەت» ۋە «تېررورلۇق» بۆھتانى ئالدىدا گاڭگىراپ قالغانلارنىڭ نەزەرىيىلىرىگە؛ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ھاياتلىققا مىخلىنىپ قالغان، دىنىدىن چىققان كىتاب خالتىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ۋە ياكى

پات ـ پات ئېكرانلاردا بىزگە «ئاغىلىرىنى دوست تۇتۇش» ۋە «ئۆلارغا ئىتائەت قىلىش»نى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ۋە چىرىگەن ئىلمانىي سەھىپىلىرىدىكى تەسلىمچى ماقالىلىرىنى تەقدىم قىلىپ يۈرىدىغان «يېتۈك مۇتەپەككۇرلار»غا مۇھتاج ئەمەس. يەنە تېخى ھەربىر جىھادىي ئەمەلىيەتتىن كېيىن ئۇنى تەھلىل قىلىپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قىڭغىر كەتكەن مەيدانلىرىدىن تۇرۇپ مۇنازىرە قىلىشلىرى، مۇجاھىدلارنى مالامەت قىلىپ ياكى ئۆلارنى نادانغا چىقىرىپ، مۇجاھىدلار ۋە مۇجاھىدلارنىڭ جىھادىغا تەنە قىلىشلىرى ئۆلارنىڭ....

ئۆلار بەزىدە مۇجاھىدلارنى ۋە ئۆلارنىڭ ئەمەلىيەتلىرىنى «ئامېرىكىنىڭ ئىسلامغا ئۇرۇش ئېچىشىغا باھانە بولۇپ بېرىدۇ» دەپ بىلجىرلاشسا، بەزىدە ئىسرائىلىيەنىڭ جىنايىتىنى يۆگەپ، «پىكىر بۆلگۈنچىلىكى قىلىۋاتىدۇ» دەپ بىلجىرلىشىدۇ، ۋە يەنە بەزىدە «مۇجاھىدلار ساددىلىقى ۋە غاپىللىقى سەۋەبلىك بۇ ئىشلارغا مەجبۇرلانماقتا، پەردە ئارقىسىدا دۇنيا يەھۇدىيلىرى قوماندانلىق قىلىۋاتقان قارا قوللار بار» دېگەندەك سۇيىقەستلىك يامان پىكىرنى قىلىپ جۆيلىشىدۇ، بۇ سەپسەتىلەر ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ يىراق.

مالامەتنى ئاز قىلىڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ بوۋاڭلارمۇ؟!

ياكى كېلىپ جەڭ قىلىڭلار رەب يولىدا ئۆزۈڭلارمۇ.

تەمسىللەردە بىر گەپ بار، «قورقۇپ قىزغىنىۋاتامسەن؟!» ياكى «قورقۇپ ھەسەت قىلىۋاتامسەن؟!» دەيدىغان. سىلەر دۇنيا ھاياتىغا غەرق بولۇپ كەتتىڭلار: دىنىنى، ئابرۇيىنى، ئىززەتنى ۋە جاسارەتنى سېتىپ، دىن ۋە جىھادتىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈڭلار: ئۇنى مۇكەممەل ھىمايە قىلىشتىن ھايا قىلىپ، ئۇنىڭ شەرىئىتىدىن نومۇس قىلدىڭلار. ھەتتا سىلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر ئەگەر ئىمكان بولسا جازا ئايەتلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى، جىھادنىڭ دەلىل ئايەتلىرىنى

يۈيۈپ، قۇرئاندىن يوق قىلىۋېتىشنى چۈشەيدۇ.

سىلەرنىڭ جىھاد توغرىسىدا گەپ قىلىشىڭلارغا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىڭلارغا، شەھىد ۋە پىداكارلارنى ئەيىبلەشكە نېمە ھەققىڭلار بار؟! پۇل ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بالىسىغا ساختىا يىغلىغان ئايال، قانداقمۇ ئۆز بالىسى ئۈچۈن يىغلىغان ئايالدىن سەمىمىي بولسۇن؟!

قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ قويۇش ئى مەغلۇبىيەتچىلەر! مۇجاھىدلار ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ساختا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قەدەملىرى ئاستىدا ھالاك بولاي دەپ قالغان قۇرۇق نەزەرىيىلىرىڭلارغا ھەمدە مال-دۇنياغا قۇل بولغان ھۆكۈمەتلەر ۋە ۋاشىنگتون، لوندون، پارىژ ۋە بېرلىنىدىكى كاتتىۋاشلىرىڭلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا تەسلىم بولغان لاتا-پۇتا تەھلىللىرىڭلارغا مۇھتاج ئەمەس!

سىلەر دائىم ئاقساراي، 10 داۋنىنج ستريت[1] ۋە ئېلىيىزدىكى ئاغاڭلارنىڭ ئىسلام ئۇممىتىگە قىلىۋاتقان ئۇرۇشىنى «ئۇ دېگەن خرىستىئانلاشتۇرۇش ئەمەس»، «ئىسلامغا قارىتىلغان ئۇرۇش ئەمەس بەلكى ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان تېررورىزىمغا قارىتىلغان» دەپ ئۇلارنى ئاقلايسىلەر.

ئۇلار ئەنە شۇنداق جۆيلىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىكى ئاغىلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئوپئوچۇق ئېيتىشىۋاتىدۇ. يوقىلىش ئى چۈپرەندىلەر! سەنلەر نېمىنى بىلىشىسەن!؟ بەلكى ئۇلار تېررورلۇق دىنى بولغان ئىسلامغا قارشى ئېلان قىلغان «خرىستىئانلاشتۇرۇش ئۇرۇشى»! «بىز» ئۇنى نەچچە قېتىم ئېلان قىلىپ، تەكرارلاپ بولدۇق: «مۇسۇلمانلارنى بۇتقا ۋە شەيتانغا

[1] جاي نامى.

ئىبادەت قىلىدۇ» دەپ سۆپەتلەيدىغان «گېنېراللىرىمىز» ئېلان قىلىپ بولدى؛ ھىجابقا قارشى جەڭنى بولسا «ھىجاب بىزنىڭ ئىلمانىيىتىمىزگە بولغان تېررورلۇق ۋە تەھدىت» دەپ قارىغان «ھەيئەتلىرىمىز» ۋە «مەھكىمىلىرىمىز» ئېلان قىلىپ بولدى[1] لېكىن سەنلەر قۇلاقلىرىڭنى گاس، كۆزلىرىڭنى كور قىلىۋېلىشتىڭ، كىيىملىرىڭگە چۈمكىنىۋېلىپ، ھەقنى بۇرمىلاشنى داۋاملاشتۇرۇشتۇڭ.

مۇجاھىدلارنىڭ ھەربىر جىھادى ئەمەلىيىتى «شۈبھىلىك ئەرلەر»، ئايال مىجەز، بىر قوللۇق تەربىيىلەنگەن «مۇتەپەككۇرلار» ياكى تەسلىمچى، مەدىكار، تەخسىكەش «ئالىملار»نىڭ پەتىۋا بېرىشىگە ياكى مەسلىھەت بېرىشىگە موھتاج ئەمەس. بۇ سىلەرنىڭ مەئىشەتپەرەس بۇزۇق پىكىر ۋە ئەقلىڭلارغا قانداق مۇناسىپ كېلىدۇ؟! بۇ ئەمەلىيەتلەرنى سىلەرنىڭ قۇرۇق نەزەرىيىلىرىڭلار بويىچە ئورۇندىشى كېرەكمۇ؟! ياق، ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز موھتاج ئەمەس! ئۇلارنىڭ فىقھى ئىلمى ۋە روشەن دەلىللىرى ئۇلارنى بىھاجەت قىلىدۇ.

ئى تەسلىمچىلەر! پۇللىرىڭلارنى مۇجاھىدلارغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار ياكى يەتكۈزۈپ بەرمەڭلار بەربىر، سىلەر ئۇ قىلمىشڭلار بىلەن ھەرگىزمۇ مۇجاھىدلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. خۇددى ئاغاڭلارنىڭ تۆمۈر، ئوت، ئۇرۇش، جەڭلىرى ئۇلارنىڭ جىھادىغا تەسىرى كۆرسىتەلمىگىنىدەك، سىلەرنىڭ زەھەرلىك قەلىمىڭلارمۇ الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

[1] ئىزاھات: بۇ ئابزاستىكى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان «بىز»، «گېنېراللىرىمىز»، «ھەيئەتلىرىمىز» ۋە «مەھكىمىلىرىمىز» قاتارلىق سۆزلەر ئاپتورنىڭ كىنايە سۆزلىرى بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئاپتورغا نىسبەت بېرىلمەستىن بەلكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان مۇرتەد شەخسلەر ۋە مۇرتەد ھۆكۈمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز — تەرجىماندىن.

ئى سادىق مۇجاھىدلار! سىلەرنىڭ ياخشى رەددىيەلىرىڭلار بۇ پەسكەشلەرنى تىزگىنلەپ، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىڭلارغا قىستايدۇ. ئۇلارنىڭ كاپىشىشلىرىغا بەرگەن يوقىتىش خاراكتېرلىك رەددىيەلىرىڭلار جىھادتا مۇستەھكەم تۇرۇشۇڭلارغا ۋە ئۇلارنىڭ چەك باسمايدىغان قۇرۇق نەزەرىيىلىرىگە قاراپ ئولتۇرماستىن، الله تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ئوچۇق دەلىل بىلەن الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، قىرىپ تاشلىشىڭلارغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىتلار ھۇرەر، كارۋان يۈرەر. ھەر زامان الله تائالانىڭ دىنىنى تىكلەپ، غالىب تۇرىدىغان بىر تائىپىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۇلارغا قارشى چىققانلار ۋە ياردەمسىز تاشلاپ قويغانلار الله تائالانىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1] دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنى مۇجاھىدلار دائىم ئەسلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ھەتتا بەزىدە بۇ ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ روھلاندۇرىدۇ.

جىھادقا پاراكەندىچىلىك سېلىش ۋە مۇجاھىدلارنى ئەيىبلەش — دىن دۈشمەنلىرىنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا ئېلىپ چىققان قىلىقى بولماستىن بەلكى ئۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق ئەسكىلىكلەرنى بۇندىن بۇرۇنمۇ قۇرەيشلىكلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە مۇئمىنلەرگە بىرنەچچە قېتىم قىلغان. ئۇلار مۇجاھىدلارنىڭ مۇئەييەن ۋاقىتتا تاللىغان نىشان ۋە ۋەقەلىرىنى پۇرسەت بىلىپ، ئۇ ئارقىلىق مۇجاھىدلارنى سەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن. خۇددى ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قىسسىسىدە يۈز بەرگەندەك.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قوشۇنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان رەجەب

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېيىنىڭ بېشىدا، بۇ ئاينى جۇمادىل ئاخىرنىڭ ئاخىرى دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئىبنى ھەزرەمى (كاپىر) نى ئۆلتۈرۈپ، مېلىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئىككى كىشىنى ئەسىر ئالغان ئىدى. قۇرەيشلىكلەر بۇ ئارقىلىق ھەدەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىنى سەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى ۋە ئۇلارنى: «ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئادەم ئۆلتۈردى، ماللارغا قول ئۇزارتتى ۋە كىشىلەرنى ئەسىر ئالدى» دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الْحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ وَصَدٌّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَكُفْرٌ بِهِ وَالْمَسْجِدِ الْحَرَامِ وَإِخْرَاجُ أَهْلِهِ مِنْهُ أَكْبَرُ عِنْدَ اللَّهِ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: <ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟> دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى: <بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. الله نىڭ يولىدىن توسۇش، الله قا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرەمدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرەمدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش الله نىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر»[①].

شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ھەرەمدە ۋە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھارام ۋە چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ھالال سانىمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كاپىر-مۇشرىكلارنىڭ دەلىللىرىگىمۇ ئۇلارنىڭ موھتاج ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. چۈنكى مۇشرىكلار ئۇرۇنغان ۋە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان الله قا كاپىر بولۇش، الله نىڭ يولىدىن توسۇش، مۇئمىنلەرنى

① سۈرە بەقەرە 217- ئايەت.

ھەرەمدىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئازابلاش — ھەرەمدە ياكى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا ئۇرۇش قىلغاندىنمۇ ئېغىر جىنايەت ئىدى.

بۇ سۆكۈش ۋە ئەيىبلەشلەر مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ كەتمىدى، چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ جىنايەت ۋە گۇناھلىرى تېخىمۇ ئېغىر بولغانلىقى ۋە بۇنداق يامانلىقلارنى قىلىشتا ھېچ ھەم بوشاشمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار مۇشرىكلارنى ئەيىبلىنىشكە ئەڭ لايىق دەپ بىلەتتى.

﴿وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ﴾ «<پىتنە (يەنى مۆئمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر.> ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ.»[①] مانا بۇ ئايەتتە مۇجاھىدلار ئۈچۈن، جىھاد دۈشمەنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشى، مالامەت قىلىشى ياكى قۇرۇق نەزەرىيىلىرى، جىھادنى خۇنۇكلەشتۈرۈشلىرى ۋە ئەمەلىيەتلىرىگە ۋاقىت بېكىتىپ بېرىشلىرىگە پىسەنت قىلماسلىق توغرىسىدا يول ـ يورۇقلار بار.

دىن دۈشمەنلىرىنىڭ كاپىرلىقى، الله يولىدىن توسۇشلىرى ۋە مۆئمىنلەرنى ئازدۇرۇشلىرى ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. ئەگەر مۇجاھىدلاردىن بىرەر ئىجتىھادىي خاتالىق يۈز بېرىپ قالسا، مۇجاھىدلار ئەيىبلىنىدۇ ئەلۋەتتە، ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇشرىكلارنىڭ پىقھىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىگە موھتاج ئەمەس. مۇشرىكلار ھالال ۋە ھارامغا قانداقمۇ مۆئمىنلەردەك كۆڭۈل

[①] سۈرە بەقەرە 217ـ ئايەت.

بۆلسۇن!؟ بۇ خۇددى ئەبۇ فەرراسنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ:

خوي كۈلكىلىك، تەئەججۈپمەن شۇ ئىشىدىن،

ئىشەكلەرنىڭ «ھەق»، «باتىل» دەپ ھاڭرىشىدىن.

ئى مۇجاھىدلار! دىن دۈشمەنلىرىنىڭ تەھدىتلىرى ئالدىدا ئاجىزلاپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار ۋە جىھادىڭلارنى ئۇلارنىڭ يالاقچىلىرى بولغان غالچىلارنىڭ بۇزۇپ قويۇشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «سىلەرنىڭ پالانى يەردىكى جەڭلىرىڭلاردا كىچىك ئۈسمۈر- بالىلار ئۆلۈپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «توغرا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن توسقان، بىز بۇنى سىلەردىن ياخشى بىلىمىز ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇق- چەكلىمىلىرىگە سىلەردىن بەكرەك ئېتىبار بېرىمىز. بىز ئۇلارنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمىزدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز ھەمدە ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىپ سالغان بولساق الله تائالاغا تەۋبە قىلدۇق ئەمما سىلەر كۇفۇر ۋە ھارامدا ئەزۋەيلەۋاتىسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىلەرنىڭ فىقھىلىرىڭلارغا ۋە نەزەرىيىلىرىڭلارغا موھتاج ئەمەس.

كاپىرلارغا كېچىدە ھۇجۇم قىلىشتا، ئەگەر شۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ الله تائالا بىزدىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكەن. سىلەر ئەمدى قانداق بولۇپ بالىلارغا كۆيۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟! سىلەر ئەجەپ <الله بىر> دەپ بىلگەنلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى يېتىم قالدۇرغان، شۇ بالىلارنىڭ دادىلىرى جىھاد قىلغانلىقى، <الله بىر> دەپ بىلگەنلىكى ۋە سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشۈڭلاردىن بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن يوق قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە <جەڭ> نامى بىلەن ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ

قولىدا ئۆلۈشنى ھالال سانىغان ئىدىڭلارغۇ؟!

سىلەر الله تائالانىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەۋۋىلى. ئۇلار پەقەت الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بەزى جىھادلىرىدا كىچىك باللار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، سىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ساناقسىز ئوغۇللىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتتىڭلار: دىنىنى، جاسارەتنى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى تەۋھىدنى سىلەر ۋە سىلەر دوست تۇتۇشنى ئاساس قىلغان كىشىلەرنىڭ زەھەرلىك مەكتەپلىرىدىكى بۇزۇق پروگراممىلىرى ئارقىلىق ئۆلتۈردۈڭلار: سىلەر ئۇلارنى دىن ۋە جىھادتىن ئازدۇرۇشتا تېنىم- تاپماي ھەرىكەت قىلىپ كەلدىڭلار.

﴿وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ﴾ <پىتنە (يەنى مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر>[1]. الله تائالادىنمۇ راست سۆزلىگۈچى كىم بار؟!»

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «سىلەر جىھادىڭلار ۋە نيۇيورك، ۋاشىنگتوندا قىلغان ئەمەلىيىتىڭلار سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بوينىغا ئامېرىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى سېلىپ قويدۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار <تېررورلۇققا قارشى تۇرىمىز> دېگەن باھانە بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى ۋە بايلىقلىرىنى ئىگىلىۋالدى» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «قاچاندىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ بوينىغا بويۇنتۇرۇق سېلىنمىغان؟ بۇنىڭغا بىز سەۋەبچىمۇ؟ بىز تۇغۇلغان ۋاقتىمىزدىلا مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان دۆلەت تاغۇتلىرىنىڭ بوشاڭلىقى سەۋەبلىك بەدەلسىزلا ئۇلارنىڭ بوينىغا بويۇنتۇرۇق سېلىنىپ بولغان ئىكەن، بىز ئۇنى پۇل بېرىپ، بەدەل تۆلەپ

---

[1] سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلىنىۋالغىنىمىز يوق».

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «ئىسرائىلىيە بۇ قىلمىشلىرىنى غەنىيمەت بىلىپ پەلەستىنلىكلەرگە قارشى تېررورلۇقىنى ھەدەپ كۈچەيتمەكتە؛ ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىپ، بالىلارنى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنلارنى قۇرۇتۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىماقتا» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «ئىسرائىلىيە بۇنى قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەشكە ئېھتىياجلىقمۇ؟! ئىسرائىلىيە قاچاندىن بېرى ئۆزىنىڭ زۇلۇمىنى توختىتىپ ياكى كېمەيتىپ باقتى؟! <مۇجاھىدلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كېيىن زۇلۇمنى كۈچەيتتى> دەيسىلەر، ئىسرائىلىيە ئەمەلىيەتتە ۋاشىنگتوندىكى ئاغىلىرىنىڭ تەربىيىسى ۋە يۇرتىمىزدىكى ئارمىيەلىرىنىڭ ھىمايىسىدە <جىنايەت ئىشلەپ چىقىرىش ئۈسكۈنىسى>دىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز جىھاد قىلىشىمىزدىن بۇرۇنلا پەلەستىنلىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ كەپتىكەنغۇ؟ ئەگەر بۇ زۇلۇم تىجارەت بېرىجىسى(ھېسابلىغۇچىسى) بىلەن ئۆلچەنسە، ئۇنىڭ نىسبىتى بىر نەچچە ھەسسىگە يېتىدۇ. سىلەر زادى كىمنى ئەيىبلەۋاتىسىلەر؟»

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «سىلەر ئامېرىكا ۋە يەھۇدىيلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق ئەرەب دۆلەتلىرىگە بېسىم ئېلىپ كەلدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات پىلانلىرىنى بۇزۇۋەتتىڭلار ۋە چەتئەللىك زاۋۇت ـ شىركەتلەرنى ئۈركۈتۈپ، ساياھەت كەسپىگە زىيان سالدىڭلار» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «نېمىدېگەن ياخشى! بىز مۇشۇنداق بولۇشىنى خالايتتۇق. ئەگەر بىز تەڭپۇڭلۇقلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ، بۇ چۈپرەندە تۈزۈملىرىنىڭ ئاجىزلاپ يىمىرىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن بۇرۇنراق تىرىشقان بولاركەنمىز، ھەي غاپىل قالدۇرغۇچى ئۇيقۇ

دورلىرى!... بىز پەقەت يۈرتىمىزدىكى بۇ كاپىر ھۆكۈمەت تۈزۈلمىلىرىنى بۇزۇش، ئۇنى يىقىتىپ ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تەر تۆكۈپ مەشغۇل بولۇۋاتىمىز!... تەرەققىيات، ئىقتىساد ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا پەقەت الله تائالانىڭ قانۇنى ھاكىم بولغاندىن كېيىن راۋاجلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «ئىستانبولدىكى ئەمەلىيەتچىلار سەۋەبلىك، تۈرك مۆتىدىل مۇسۇلمانلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇردۇچىلار ۋە ئۇلارنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلدىڭلار» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «بىز ئاتا تۈركنى ئۇلۇغلاپ، دىنىنى ساتىدىغان، ئۆزىنىڭ ئىلمانىيلىقىدىن ۋاز كەچمەيدىغان، ھەق دىندىن نومۇس قىلىدىغان، مۇجاھىدلارغا تەنە قىلىدىغان، <تېرروزىمغا قارشى تۇرۇش> شۇئارى ئاستىدا دىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان ھەر قانداق نىجىسنىڭ شەرمەندە بولۇشنى خالايمىز! تۈركىيە قاچاندىن بۇيان ياۋروپانى رازى قىلىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش ئۈچۈن تىرىشماي كەلدى؟! ئۇ قاچاندىن بۇيان ئامېرىكا بەلكى يەھۇدىيلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتمىدى؟!»

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «سىلەرنىڭ تېررورلىقىڭلار سەئۇدىيگە ئوخشاش ئەرەب دۆلەتلىرىگە بېسىم ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار <ئىسلاھات> نامى بىلەن ئوچۇق مۇرتەدلىكنى كىرگۈزدى ۋە ئىلمانىيلىققا كەڭرى يول ئېچىپ، ئۆزىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، خاتا مەدەنىيەت ۋە ئۆزلىرىنىڭ غەرب كاپىرلىرىدىن ئىبارەت قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببەت ۋە دوستلۇق روھىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر كۆپەيتتى» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «نېمىدېگەن ياخشى! بىزنىڭ جىھادىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك

غايىسى — بۇنداق تۈزۈملەرنى شەرمەندە قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ساختىلىقىنى، ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ۋە ئىسلام تونىغا ئورىنىۋالغان نىقابىنى ئېچىپ تاشلاش. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئىلمانىيلىققا ۋە كۇفرىغا مەخپىي ئېچىپ بېرىپ، ھەمىشە ئۆزىنىڭ مائارىپ پروگراممىلىرىدا ۋە دىن خىزمەتلىرىدە <زەھەرگە ماي سۈركەپ> كەلدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق تۈزۈملەرگە ۋە ئۇنىڭ تاغۇتلىرىغا خىزمەت قىلىپ، غەرب ۋە شەرق كاپىرلىرىغا دوستلۇق يەتكۈزدى. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ جىھادىمىز ئارقىلىق ئاشكارا مەنھەجلىرىنى ئۆزگەرتىپ، جىھاد ۋە تېرروررلۇققا ئوزۇق بېغىشلايدىغان ھەق دىنىدىن بىزار بولۇپ، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئاغىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىن ئەھلىگە ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغان بولسا، الحمد لله! مانا بۇ ئۇلارنىڭ تۈزۈملىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ تۈنجى باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ شەرمەندە بولۇشى».

ئەگەر ئۇلار سىلەرگە: «سىلەر جىھادىڭلار ئارقىلىق غەرب بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ئوتى ياقتىڭلار ۋە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىن ھىجابلىق قىز ـ ئاياللارنى قوغلاپ چىقاردى» دېسە، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «نېمىدېگەن ياخشى، بەك ئېسىل ئىش بوپتۇ! مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشىمىز ئىسلامنىڭ مۇھىم ۋاجىباتلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەم تۈتقىلىرىدىندۇر. ھىجابلىق قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدىن قوغلىنىشى ئۇلارنى نىجىس ئارىلىشىپ كېتىشلەردىن، ئۇلارنىڭ بۇزۇق مەدەنىيەتلىرىدىن ۋە ئەبجەش پروگراممىلىرىدىن پاكلاپ،

مۇسۇلمانلارغا بۇ كاپىرلارنىڭ ئىسلام شۇئارلىرىغا نەقەدەر دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىدىن ھەرگىزمۇ ياخشى گۇمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى پاك ئىسلامىي مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن سەپنى ئايرىشقا ۋە جىددىي ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ مۇسلىمەلەرنىڭ ھىجابىغا، شۇنداقلا ئىسلام ۋە شەرىئەتكە قارشى ئۇرۇشى سىلەر دەۋا قىلغىنىڭلاردىن بۇرۇنلا باشلانغان، بۇنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا قارشى ھۇجۇملىرىنى كۆزەتكەن ھەرقانداق ئەقىللىق كىشى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئەمما مەدەنىيەت توقۇنۇشى ۋە ئۆچمەنلىك ئوتى بولسا، بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزدىن ئىلگىرى بەلكى ھىتىڭتۇن ۋە فۇكۇيامادا ئۆتكۈزۈلگەن مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى توغرىسىدىكى كېلىشىملەردىن ئىلگىرىلا تۇتۇشۇپ بولغان. ياق، بەلكى كۇفۇر ۋە ئىمان مەۋجۇد بولغاندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ﴾ <ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ>.[1] خىرىستىئانلاشتۇرۇش ئۇرۇشى، تەپتىش مەھكىمىلىرى ھەمدە مۇسۇلمانلار سويۇلىدىغان قۇشخانىلارنىڭ يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى قەستەن كور بولۇۋالغان ۋە بىشىنى قۇمغا تىقىۋالغانلاردىن باشقىلارغا مەخپىي ئەمەس».

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭلاركى: «سىلەرنىڭ نەزەرىيىلىرىڭلار ۋە ئەيىبلەشلىرىڭلار چوقۇم مەغلۇب بولىدۇ! بۇنى رېئاللىق، ھەتتا سىلەر تەمە قىلىدىغان ئاغاڭلارنىڭ يازما

---

[1] سۈرە بەقەرە 217 ـ ئايەت.

شەكىلدىكى گۇۋاھلىقى، غەربتىكى تەھلىلچىلەرنىڭ تەھلىللىرى ۋە نەزەرىيىچىلەرنىڭ نەزەرىيىلىرى ھەم رەت قىلماقتا». بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىرىدا ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى، تەتقىق قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە غەرب ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىۋاتقانلارنىڭ زور تۈركۈمدە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلماقتا شۇنداقلا بۇ نيۇيورك ۋە ۋاشىنگتون غازاتلىرىدىن كېيىن قىلىنغان ستاتىستىكا.

مەن بۇ سۆزۈمنى بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى تەسلىمچى نەزەرىيىچىلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىدىن تەمە قىلىدىغان غەربلىكلەردىن بىرىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچى، ئۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئەقىللىق ۋە زېرەكلىكىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى تامامەن بىلىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرمەكتە.

2003ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى، ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتچىسى روبرت فيسكنىڭ بىر ماقالىسى ئەنگلىيە مۇستەقىللىق گېزىتىدە نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىستانبولدىكى ئەنگلىيە ھۇجۇم نىشانى قىلىنغان ئىككى قېتىملىق پارتلىتىپ ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بوشنىڭ تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىغا ئەنگلىيىنىڭ قوشۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بىز ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى ئەقلىي جەھەتتە ئۆلچەپلا ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز كېرەك. ھۇجۇم قىلغۇچىلارمۇ خەلقئارانى چۈشىنىشكە قادىر.

ئۇلار بالىيدىكى ئاۋستراليىلىكلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا ئۆزىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى تامامەن بىلگەن. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئاۋستراليىلىكلەرنىڭ ئىراق ئۇرۇشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇ سەۋەبتىن بالىيدىكى ھۇجۇمغا قارىتا ئاۋستراليە مىنىستىر رەئىسى مالامەت قىلىنماقتا.

ئىتالىيىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق، خۇددى ئۇلار ئەنگلىيىدە بوشنىڭ زىيارىتىگە قارشى كەسكىن نامايىشلار بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەكلا قىلاتتى. چۈنكى ئەنگلىيىگە ئامېرىكا رەئىسى زىيارەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا زەربە بېرىش ئاسان ئەمەس. ئەنگلىيە تۈركىيىدە زەربىگە ئۇچرىدى، ئۇلار ھەقىقەتەن بوشنىڭ ئىراق ئۇرۇشىنى كېلەر يىللىق زۇڭتۇڭ سايلىمىدىن ئىلگىرى توختىتىدىغانلىقىغا قىزىقىدىغانلىقىنى تامامەن بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىراقتىكى ئامېرىكا كۈچلىرىگە قارشى ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكتە، ئۇلار بۇ ئارقىلىق بوشنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتالمىغان تەقدىردىمۇ، سىياسىي جەھەتتىن يوقىتىشقا قاتتىق بەل باغلىغان. ئەنگلىيە مىنىستىرلىك رەئىسى بۇلەيرنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى شۇنداق».

مانا بۇ، سىلەر قۇلچىلىق قىلىدىغان ئاغاڭلارنىڭ تەھلىللىرىدىن بىر پارچە. ئى مەغلۇبىيەتچى نەزەرىيىچىلەر! مانا بۇ سىلەرنىڭ مەغلۇب بولغان تەھلىل ۋە نەزەرىيىلىرىڭلار. بىز بۇرۇن سۆزلەپ ئۆتكەندەك، سىلەر ۋە ئاغاڭلارنىڭ لاتا ـ پۇتا نەزەرىيىلىرىدىن مۇجاھىدلار بىھاجەت چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيىچىلىرى ۋە ئالىملىرى بار. ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايدىغىنى ئالدى ـ كەينىدىكى باتىلدىن ھەمىشە غالىب بولغان شەرىئەت ۋە كىتابتۇر، يەنى ھەمىشە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەمدىگە لايىق بولغان الله تائالا تەرىپىدىن نازىل بولغان قۇرئاندۇر.

يەنە كېلىپ، ئۇ لايغەزەللەرنىڭ قەلبىنى الله تائالا پىچەتلەپ قويغان، ئۇلار چۈشەنمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىغا رازى بولغان، ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن تەسلىمچى لايغەزەللەرنىڭ فىقھى ۋە نەزەرىيىلىرىگە مۇجاھىدلار موھتاج ئەمەس. يەنە كېلىپ، الله تائالا

ئۆز يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆز يولىغا ھىدايەت قىلغاندەك، ئەكسىچە سەپتىن چۈشۈپ قالغان، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلەپ، ئۇلارنى خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىلسىز ھەمدە پىقھى، ئىلىم ۋە نەزەرىيە جەھەتتە يۈزەكى كىشىلەردىن قىلىپ قويىدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ سىز بىزنى «ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغان تەھلىل ۋە يىمىرىلگەن نەزەرىيىلىرىگە پەرۋا قىلىدۇ» دەپ قارامسىز؟! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَضُواْ بِأَن يَكُونُواْ مَعَ الْخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لاَ يَفْقَهُونَ﴾ «ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ»[①]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَسْتَأْذِنُونَكَ وَهُمْ أَغْنِيَاءُ رَضُوا بِأَنْ يَكُونُوا مَعَ الْخَوَالِفِ وَطَبَعَ اللَّهُ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾ «ئۆزلىرى باي تۇرۇپ (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلار ئەيىبلىنىشى كېرەك، ئۇلار (جىھادقا چىقمىغان ئاياللار، كېسەللەر، ئاجىزلار) بىلەن بىللە بولۇشقا رازى بولدى، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئۇلار (الله نىڭ ئەمرىنى) بىلمەيدۇ»[②].

[①] سۈرە تەۋبە 87 ـ ئايەت.
[②] سۈرە تەۋبە 93 ـ ئايەت.

(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يىنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار ، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار ، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر [41].

سۈرە تەۋبە

